# ئىستىخارە ھەققىدە چۈشەنچە

ئىستىخارە دېگەن سۆزنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى: بىر ئىشتا تاللاپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەت.

ئىسلام فىقھىدىكى ئىستىلاھ مەنىسى: ناماز ۋە ئىستىخارە دۇئاسى دەپ ئاتالغان مۇئەييەن دۇئا ئوقۇش ئارقىلىق ئاللاھتىن ئىشلارنىڭ ياخشىراقىنى تاللاپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. (لىسانۇل ئەرەب ۋە كۇۋەيت فىقھى ئانسىكلوپېدىيىسى 2413-بەت.)

ئىستىخارە سىلىشنىڭ ھېكمىتى ۋە پەلسەپەسى:

ئاللاھ تائالا مومىنلەرنى بۇ ئىشنى قىلسام نەتىجىسى قانداق بولار، ياكى بۇ ئىشنى قىلسام ياخشىمۇ، قىلمىسامىمۇ؟ دەپ ئىشلىرىدا تەرەددۇت قىلىپ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي، قارار قىلالماي قالغاندا، بۇرۇن جاھىلىيەت دەۋرىدىكىلەر قىلىپ كەلگەن پال سېلىش ۋە شۇملۇق ھېس قىلىشتەك ناچار ئىشلارنىڭ ئورنىغا ئىستىخارە سېلىشقا بۇيرىغان.

ئىستىخارە ئىسلام ئەقىدىسى بىلەن زىچ باغلانغان بىر ئىبادەتتۇر، چۈنكى مۇسۇلمان بەندە پۈتۈن ئىشلارنىڭ جانابى ئاللاھنىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىگە، جانابى ئاللاھنىڭ ھەممە ئىشلارنى خالىغىنى بويىچە تەقدىر قىلىپ خالىغىنى بويىچە بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىغا كەسكىن ئىشىنىدۇ، ئىنسان بولسا جانابى ئاللاھ ياراتقان ئاجىز بىر مەخلۇق، غەيبنى بىلەلمەيدۇ، قايسى ئىشتا خەيرلىك، قايسى ئىشتا زىيان بارلىقىنىمۇ ئايرىيالمايدۇ، بۇنىڭدىن قارىغاندا ئىستىخارە سېلىشنى كۆرسىتىپ بېرىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالا بىر تەرەپتىن بەندىلىرىنى ئۆزىگە يېلىنىشنى ئۆگەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنى تېخىمۇ خەيرلىك يوللارغا مۇيەسسەر قىلىش پۇرسىتىنى بەرگەندۇر. جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «الله خالىغىنىنى يارىتىدۇ ۋە تاللايدۇ، تاللاش ھوقۇقى ئۇلاردا ئەمەس، الله پاكتۇر، ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەنلىرىدىن ئۈستۈندۇر، پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارنىڭ دىللىرىدا يوشۇرۇن تۇتقانلىرىنى ۋە (ئېغىزلىرىدا) دېگەنلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇ الله دۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە جىمى ھەمدۇسانا الله غا مەنسۇپتۇر، ھۆكۈم چىقىرىش الله غا مەنسۇپتۇر، سىلەر الله نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر» (ئەلقەسەس سۈرىسى 68-70-ئايەتلەر.) شۇڭا بەزى ئالىملار: «كىشى ھەرقانداق بىر دۇنياۋى ئىشقا ئىككى رەكئەت ئىستىخارە نامىزى ئوقۇماي تۇرۇپ قەدەم قويسا بولمايدۇ» دېگەن.

تەپسىرى قۇرتۇبى (202/13).

ئەلۋەتتە هازىرقى زاماندا مۇسۇلمانلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىن بۇ ئالاھىدە ئىبادەتنىڭ يوقاپ كېتىشى ئۇلارنىڭ ئىسلام كۆرسەتمىلىرىدىن ئومۇمەن يىراقلىشىپ كەتكەنلىكىنىڭ بىر ئالامىتى بولسا كېرەك، بولمىسا ئۇلار بۇنداق پايدىلىق بىر ئىبادەتنى قىلماي تاشلاپ قويارمىدى؟ بۇ ئىبادەتنىڭ پايدىسىنىڭ نەقەدەر چوڭ ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەندىلا ئادەتتىكى كىچىك ئىشلاردا ئەمەس، تۇرمۇشىمىزدا بۇرۇلۇش خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدىغان هاياتىي قارارلارنى ئالغاندا ئىستىخارە سېلىش خىيالىمىزغا كېلىپ باقمايدىغان بىز مۇسۇلمانلارنىڭ تارتىۋاتقان زىيىنىنىڭ ئېغىرلىقىنى هېس قىلغىلى بولسا كېرەك.
ئەسرى سائادەتتىكى پېشقەدەم سەلەف سالىھلىرىمىز ئىستىخارە سېلىشنىڭ قەدرىگە يەتكەن ۋە ئالىدىغان پايدىنى ئالغان، بۇنىڭ بەزىبىر مىساللىرىنى تىلغا ئالايلى:
هەزرىتى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ رىۋايەت قىلىشىچە: زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنهانىڭ ئىددىتى توشقاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنهۇغا: ماڭا ئەلچى بولۇپ بارغىن، دېگەن، زەيد بېرىپ ئۇنىڭغا: ئى زەينەب خوش خەۋەر! مېنى رەسۇلۇللاھ سىزگە ئەلچىلىككە ئەۋەتتى، دېگەن، زەينەب: مەن ئىگەمگە ئىستىخارە سالمىغۇچە هېچ نەرسە قىلمايمەن، دەپ ناماز ئوقۇيدىغان ئورنىغا بېرىپ نامازغا تۇرغان، شۇنىڭ بىلەن بۇ هەقتە قۇرئان نازىل بولدى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام كېلىپ ئىجازەت ئالماستىن زەينەبنىڭ قېشىغا كىردى. (ئىمام مۇسلىم سەهىهىدە نىكاھ بۆلىمىدە رىۋايەت قىلغان، 3488-هەدىس.)
بۇنىڭدىن ئايال كىشىنىڭ ئەلچىگە جاۋاب بېرىشتىن بۇرۇن ئىستىخارە سېلىپ دۇئا قىلىشىنىڭ مۇستەهەبلىكى چىقىدۇ. شۇنداقلا قايسى بىر كىشى ئىشلىرىنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرسا ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىق دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن ئەڭ خەيرلىك ئىشنى قولايلاشتۇرۇپ بېرىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.
ئىمام نەۋەۋى رەهمەتۇللاهى ئەلەيهى بۇ هەدىسنى شەرهىلىگەندە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ هەدىس ئېنىق پايدىلىق كۆرۈلگەن ئىش بولسۇن ياكى ئۇنداق بولمىسۇن هەرقانداق بىر ئىشنى قىلماقچى بولغان كىشىنىڭ ئىستىخارە نامىزى ئوقۇشىنىڭ مۇستەهەبلىكىنى كۆرسىتىدۇ.» (شەرهى مۇسلىم 9-جىلد 229-بەت.)
ئىستىخارە سېلىش دائىرىسى:
ئىستىخارە چوڭ بولسۇن كىچىك بولسۇن بارلىق ئىشلاردا بولىدۇ، چۈنكى كۆزگە ئىلمىغان كىچىك ئىشلاردىن چوڭ ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىشى مۇمكىن، يەنە جائىز

ياكى مۇستەھەب ئىشلاردىن بىرىنى تاللاشتا ياكى ئىككى ئوخشاش دەرىجىدىكى ئىشتىن بىرىنى تاللاشتا بولىدۇ، مەسىلەن: بۇ ئۆينى ئالايمۇ ئالمايمۇ؟ بۇ قىزغا ئۆيلىنەيمۇ ياكى باشقىسىغىمۇ؟ لېكىن پەرز، ۋاجىب، ھارام ياكى مەكرۇھ بىر ئىشنى قىلىشتا ئىستىخارە سېلىنمايدۇ، چۈنكى پەرز بىلەن ۋاجىبنى مەسلىھەت سالماستىن قىلىشقا ئالدىراش، ھارام بىلەن مەكرۇھنى مەسلىھەت سالماستىن تاشلاش كېرەك. دېمەك:"ۋاجىب بىلەن مۇستەھەب ئىشنى قىلىشتا ئىستىخارە سېلىنمايدۇ، ھارام بىلەن مەرۇھنى قىلىش قىلماسلىقتىمۇ ئىستىخارە سېلىنمايدۇ، ئۇنداق بولىدىكەن ئىستىخارە سېلىش پەقەتلا مۇباھ ئىش بىلەن ئىككى مۇستەھەب ئىشنىڭ قايسىسىنى قىلىش ياكى قايسىسىنى بۇرۇن باشلاشتا بولىدۇ". (فەتھۇل بارى 11-جىلد 220-بەت.)

لېكىن ھەج ئادا قىلايمۇ ياكى ئىلىم تەھسىل قىلىمۇۋالايمۇ؟ دېگەندەك، بىرقانچە پەرز ياكى ۋاجىبتىن بىرىنى تاللاش ئىختىيارى بولغان ئەھۋالدا، ياكى ۋاقتى كەڭرى بولغان پەرز -ۋاجىبلارنى ھازىرلا قىلىش ياكى قىلماسلىقتا ئىستىخارە سالسا بولىدۇ.

ئىستىخارە سېلىشنىڭ ھۆكمى:

بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ قارىشىدا ئىستىخارە سېلىش سۈننەتتۇر، بۇنىڭدا ھېچ ئىختىلاپ يوقتۇر، بۇنىڭ مەنىسى: تۆۋ قىلماقچى ياكى مەلۇم بىر تىجارەتنى قىلماقچى ياكى سەپەرگە چىقماقچى بولغان كىشى شۇ ئىشنى قىلىش ياكى قىلماسلىق توغرىسىدا ئىستىخارە سېلىشى ۋاجىب ئەمەس سۈننەتتۇر.

ئىستىخارە سېلىشنىڭ دەلىلى:

ھەزرىتى جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ھەرقانداق ئىشتا ئىستىخارە سېلىشنى خۇددى قۇرئاندىكى بىر سۈرىنى ئۆگەتكەندەك ئۆگەتەتتى، ئۇ مۇنداق دەيتتى: "سىلەرنىڭ بىرىڭلار بىر ئىش توغۇرلۇق باش قاتۇرغاندا، پەرز نامىزىدىن باشقا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ مۇنداق دېسۇن: ئى ئاللاھ مەن سېنىڭ ئىلمىڭ بىلەن ياخشىنى بىلىشنى، ئۆز قۇدرىتىڭ بىلەن قۇدرەت ئاتا قىلىپ ياخشىراق ئىشنى قىلدۇرۇشىڭنى، ھەمدە ماڭا سېنىڭ ئۇلۇغ پەزلىڭدىن بېرىشىڭنى سورايمەن، چۈنكى سەن قادىر بولالايسەن، مەن قادىر بولالمايمەن، سەن بىلىسەن، مەن بىلمەيمەن، سەن غەيبلەرنى بىلگۈچىدۇرسەن، ئى ئاللاھ ناۋادا سېنىڭ ئىلمىڭدە بۇ ئىش ـــ قىلماقچى بولغان ئىشنى ئاتايدۇ ــ مېنىڭ دىنىم، دۇنيايىم، تورمۇش ۋە ئىشىمنىڭ ئاقىۋىتىگە - ياكى ھازىرقى ۋە كېيىنكى ئىشلىرىمغا دېسىمۇ بولىدۇ ــ خەيرلىك بولسا، ماڭا ئۇنى قىلىشقا توغرىلىغىن ۋە ماڭا

ئۇنى ئوڭايلاشتۇرۇپ بەرگىن، ئاندىن ماڭا ئۇ ئىشتا بەرىكەت ئاتا قىلغىن، ناۋادا سېنىڭ ئىلمىڭدا بۇ ئىش ماڭا دىنىمدا، دۇنيايىمدا، تۇرمۇشۇمدا ۋە ئىشلىرىمنىڭ ئاقىۋىتىدە يامانلىق بولىدىغان بولسا، مېنى ئۇنىڭدىن يىراق قىلغىن، ئۇنىمۇ مەندىن نېرى قىلغىن، ئۇنى كاللامدىن چىقىرىۋەتكىن، قەيەردە بولسا بولسۇن ماڭا خەيرلىكنى پۈتكىن، كېيىن مېنى شۇ خەيرلىك ئىشنى قىلىشقا رازى قىلغىن". (سەھىھۇل بۇخارى، دۇئالار بۆلۈمى، ئىستىخارە سالغاندا دۇئا قىلىش بابى 6019-ھەدىس.)
ھەدىستە: «ئىستىخارە سېلىشنى خۇددى قۇرئاندىكى بىر سۈرىنى ئۆگەتكەندەك ئۆگەتتى.» دېگەن سۆزدىكى قۇرئان سۈرىسىگە ئوخشىتىشتىكى سەۋەبنى ئالىملار مۇنداق ئىزاھلىغان: «بارلىق نامازلاردا قۇرئان ئوقۇشقا ئېھتىياج بولغاندەك پۈتۈن ھاياتتا ئىستىخارە سېلىشقا ئېھتىياج بارلىقىنى بىلدۈرۈش ۋە يەنە ئىستىخارە دۇئاسىنى ئەينەن بەلگىلەپ بېرىپ كىشىلەرنىڭ ئىستىخارە سالغاندا ئۆزلىرى خالىغانچە دۇئا قىلماي بەلگىلەنگەن دۇئانى قىلىشنى بىكىتىشتۇر، بۇ ئىستىخارىنى قۇرئان ۋە نامازغا ئوخشاتقانلىقتۇر، بۇ ئىستىخارىنىڭ ئەھمىيىتىنى كۆرسىتىدۇ.»( فەتھۇل بارى 11-جىلد 220-بەت.)
بۇنىڭدىن ئىستىخارە دۇئاسىنىڭ ئەينەن بەلگىلەنگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ، ئەمەلىيەتتىمۇ ئىستىخارە دۇئاسى مەزمۇن جەھەتتە مول ۋە تولۇق بولغاچقا ئۇنىڭغا بىرەر جۈملە سۆز ياكى ئىبارە قېتىش ھاجەتسىزدۇر، ياكى مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ئىستىخارە سېلىش ئاللاھ تائالادىن خەيرلىك ئىشنى تاللاپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش تۇرۇقلۇق ئاللاھ تائالا ئىستىخارە سېلىشقا ئەڭ خەيرلىك سوزلەرنى پەيغەمبىرى ئارقىلىق بىزگە تاللاپ بەرسە ئۇنىڭ ئورنىغا باشقىچە ئىبارىلەرنى ياكى ئۇسۇللارنى تاللىۋېلىش بىمەنىلىك بولىدۇ.
ئستىخارە سېلىش ئۇسۇلى: ئىستىخارە سېلىش نىيىتى بىلەن ئىككى رەكئەت نەپلە ناماز ئوقۇپ، نامازدىن كېيىن ياكى نامازنىڭ ئىچىدە يۇقۇرىقى دۇئانى ئوقوش ئارقىلىق ئىستىخارە سېلىنىدۇ. ئىستىخارە دۇئاسىنى نامازنىڭ ئىچىدە سالام بېرىشتىن بۇرۇن ئوقۇسىمۇ سالام بەرگەندىن كېيىن ئوقۇسىمۇ جائىزدۇر، ئىمام ئىبنى تەيمىيە رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى قاتارلىق بەزى ئالىملار ئىستىخارە دۇئاسىنى ئەتتەھىياتۇنى ئوقۇپ بولۇپ دۇرۇت ئوقۇغاندىن كېيىن ئوقۇپ ئاندىن سالام بېرىشنى مۇۋاپىق دەپ تاللىغان، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇئانى كۆپىنچە سالامدىن بۇرۇن قىلغاندۇر.( شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە پەتىۋالىرى توپلىمى 23-جىلد 177-بەت.)

يەنە بەزى ئالىملار سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئوقۇيدۇ، دەپ تاللىغان.

هاپىز ئىبنى هەجەر مۇنداق دەيدۇ: «هەدىستىن دۇئانىڭ نامازدىن كېيىن ئىكەنلىكى كۆرۈنىدۇ، ناماز ئىچىدە ئوقۇسىمۇ توغرا بولۇش ئېهتىمالى بار، يەنە نامازدا قىلىش كېرەك بولغان دۇئادىن كېيىن قىلىش كېرەكلىكىمۇ ئېهتىمال؛ چۈنكى نامازدا سەجدىدە ۋە تەشەھهۇدتا دۇئا قىلىنىدۇ.»(فەتهۇل بارى 11-جىلد 222-بەت.)

بۇنىڭدىن نامازدىكى سەجدە ۋە تەشەھهۇدتا ئادەتتە قىلىدىغان دۇئالارنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئىستىخارە دۇئاسىنى ئوقۇسا بولىدىغانلىقى چىقىدۇ، بولۇپمۇ سەجدە قىلغاندا.

ياخشىسى هەدىسنىڭ (ئاندىن) دېگەن لەفزى بويىچە ئىستىخارە دۇئاسىنى نامازدىن كېيىن قىلىشتۇر، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپىنچە كىشىلەر ئىستىخارە دۇئاسىنى يادا بىلمەيدۇ، يۇقىرىدا ئىستىخارە دۇئاسىنىڭ قۇرئان سۈرىلىرىگە ئوخشىتىلغانلىقى، ئۇنى خالىغان يوسۇندا قىلىۋېلىشقا بولمايدىغانلىقى بايان قىلىندى، ئۇنداق بولىدىكەن كىشىلەر نامازدىن سالام بېرىپ بولغاندا بىرەر قەغەزگە يېزىۋالغان ئىستىخارە دۇئاسىنى ئەينەن ئوقۇپ ئىستىخارە سالسا مۇۋاپىق، بولمىسا نامازدا ئىستىخارە دۇئاسىنى يادا ئوقۇيالماي، يا قەغەزگە قاراپ ئوقۇيالماي قالىدۇ.

ئىستىخارە دۇئاسىنى نامازنى ئوقۇپ بولۇپ بىرئاز زىكىر-تەسبىه ئېيتىپ بولۇپ ئوقۇسىمۇ بولىدۇ، يەنى ناماز ئوقۇپ بولۇپ ئازراق ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ ئىستىخارە دۇئاسىنى ئوقۇپ ئىستىخارە سالسا بولىدۇ، ئىمام ئەينى مۇنداق دەيدۇ: «هەدىستىكى (ئاندىن) دېگەن سۆز بەك ئۇزىراپ كەتمىگەن هالدا نامازدىن كېيىن سەل كېچىكىپ دۇئا قىلسىمۇ ئىستىخارىگە تەسىر قىلمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.» (ئۇمدەتۇل قارى 7-جىلد 224-بەت.)

ئىستىخارە نامىزىدا ئوقۇلىدىغان ئايەتلەر:

ئىستىخارە نامىزىدا مۇئەييەن بىر سۈرە ياكى ئايەت ئوقۇش بەلگىلەنمىگەن، بۇنىڭغا ئاساسەن هەر ئىككى رەكئەتتە فاتىهەدىن كېيىن بىر سۈرە ياكى ئۈچ ئايەت مىقدارى بىلگىنىچە ئايەت ئوقۇسا بولىدۇ. بەزى ئالىملار بىرىنجى رەكئەتكە پاتىهەدىن كېيىن (قۇل يا ئەييۇهەل كافىرون) نى، ئىككىنجى رەكئەتكە (قۇل هۇۋەللاهۇ ئەهەد) نى ئوقۇش مۇستەهەب دەپ قارىغان، چۈنكى بۇ سۈرىلەر بىلەن يۇقۇرىدىكى دۇئا ئاللاهقا ئىخلاس قىلىش، بىلىنىش ۋە ئۇنىڭغا مۇهتاج ئىكەنلىكىنى هېس قىلدۇرغاچقا، ئاللاهدىن ياردەم تەلەپ قىلغان چاغدا مۇناسىپ كېلىدۇ.

نامااز بىلەن ئىستىخارە سېلىش نامااز ئوقۇش مەكرۇھ بولغان چاغلاردىن باشقا ھەرقانداق ۋاقىتتا جائىز بولىدۇ، ئەمما يالغۇز دۇئا بىلەن ئىستىخارە سېلىش بولسا ھەرقانداق ۋاقىتتا جائىزدۇر.

ئىستىخارىنى ناماز ئوقۇماي يالغۇز دۇئا بىلەنلا سېلىش:

ئىستىخارىنى ئەگەر ناماز ئوقۇپ دۇئا قىلىپ سالالمىسا، يالغۇز دۇئا قىلىسىمۇ بولىدۇ، بەزىدە ھەيزدار ئايالللار شۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كېلىدۇ، چۈنكى ھەيز مەزگىلىدە ناماز ئوقۇيالمايدۇ، يەنە ناماز ئوقۇش چەكلەنگەن ۋاقىتلاردا نامااز ئوقۇشقا بولمايدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا دەرھال ئىشتىخارە سېلىشقا دۇچ كەلگەندە يالغۇز ئىستىخارە دۇئاسىنى ئوقۇپلا ئىستىخارە سالسىمۇ بولىدۇ.

ئىمام نەۋەۋىي دەيدۇ: «ناۋادا ناماز ئوقۇيالمىسا دۇئا بىلەنلا ئىستىخارە سالسا بولىدۇ.» (ئىمام نەۋەۋىنىڭ ئەلئەزكار دېگەن كىتابى 112-بەت.)

بەزى ئالىملار ئىستىخارە سالغاندا نېمە ئۈچۈن ئالدىن ئىككى رەكئەت نامااز ئوقۇش ھەققىدە مۇلاھىزە قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئىستىخارە سېلىش دۇئادىن ئىبارەت بولغاچقا ئالدى بىلەن ئىشىكنى قېقىپ ئاندىن تىلەكنى ئوتتۇرىغا قويۇش مۇناسىپ، يەنى بۇ بىر دۇئانىڭ مۇقەددىمىسى، دۇئا مۇقەددىمە بولۇش ئۈچۈن نامازدەك ئۇلۇغ ئىبادەت يوق، چۈنكى نامازدا ئالللاھ تائالانى زىكىر قىلىش، ئۇلۇغلاش ۋە موھتاجلىقنى ئىزھار قىلىش بار.»(ئەلمەدخەل 4-جىلد 38-بەت.)

ئىستىخارە سالغاندىن كېيىنكى ئىشلار:

ئىستىخارە سالغاندىن كېيىن چۈش كۆرۈشى شەرت ئەمەس، بەلكى كۆڭلى قايسى ئىشقا ئارام تاپسا ياكى خاتىرجەم بولسا، شۇ ئىشنى قىلسا بولىدۇ، كۆڭلى ئارام تاپمىسا ئۇنى قىلمايدۇ. بۇ يەردە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىش شۇكى، ئىستىخارە سالغان كىشى ئۆز كۆڭلى بۇرۇندىنلا تارتقان ۋە كۈچلۈك ھەۋەس قىلغان ئىشنى يۈگۈرۈپلا تالللىماي ئىستىخارە سالغاندىن كېيىن تالللىماقچى بولغان بىرقانچە ئىشتىن قايسىبىر ئىش ئۇدۇل كەلسە شۇنى قىلىشى كېرەك، بولمىسا ئۆز ھاۋايى ھەۋەسگە ئەگەشكەن بولىدۇ، شۇڭا بەزى ئالىملار كۆڭلى ئارام تاپقان ئىشنى قىلمايدۇ، دەپمۇ تۇرىۋالغان. لېكىن ھاپىز ئىبنى ھەجەر ئېيتقاندەك: «توغرىسى: ئىستىخارە سېلىشتىن بۇرۇن ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ھاۋايى-ھەۋەسگە مۇۋاپىق كەلگەن ئىشقا كۆڭلى ئارام تاپسىمۇ قىلمايدۇ.»( فەتھۇل بارى 11-جىلد 223-بەت.)

بۇنىڭغا ئاساسەن كۆڭلى بۇرۇن ياقتۇرغان ۋە ياكى ياقتۇرمىغان ئىشنى ئىستىخارە سالغاندىن كېيىن ئوخشاش دەرىجىدە قويۇپ ئاندىن ئۇدۇل كەلگەن، قولاي بولغىنىنى قىلىش كېرەك بولىدۇ .

ئىستىخارىنى قايتا-قايتا بىرقانچە قېتىم سېلىش:

ئىستىخارە سالغاندىن كېيىن ئەگەر بىر ئىشقا توختالمىسا، قايتىلاپ بىرقانچە قېتىم ئىستىخارە سالسىمۇ بولىدۇ.

ئىمام ئەينى مۇنداق دېگەن: «ئىستىخارە نامىزىنى ۋە دۇئاسىنى قايتا-قايتا تەكرارلاپ سېلىش مۇستەھەبتۇر.»( ئۇمدەتۇل قارى 7-جىلد 225-بەت.)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامىمۇ دۇئا قىلسا قايتا-قايتا ئۈچ قېتىم تەكرارلاپ قىلاتتى، خەلىپە ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمامۇ كەئبىنى يېڭىلاپ قايتا ياسىماقچى بولغاندا مۇنداق دېگەن: «... مەن پەرۋەردىگارىمغا ئۈچ قېتىم ئىستىخارە سالىمەن، ئاندىن قارار ئالىمەن...» (سەھىھۇ مۇسلىم، ھەج بۆلىمى 1333-ھەدىس.)

ئىستىخارىمۇ بىرخىل دۇئا، شۇڭا ئۇنى تەكرارلاپ سىلىش مۇستەھەب بولىدۇ.

ئىستىخارە سېلىش بىلەن ئاقىللارنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىش:

بەزى كىشىلەر بەزىلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ ئاقىل، تېخىمۇ بىلىملىك، ھايات تەجرىبىسى مول، ھېكمەتلىك ۋە تەدبىرلىك بولىدۇ، بۇ ئاللاھ تائالانىڭ بەزى بەندىلىرىگە بېرىدىغان پەزلىدۇ، ئاللاھ ئۆز پەزلىنى خالىغان بەندىسىگە بېرىدۇ، شۇڭا ئىستىخارە سېلىش بىلەن بىللە يۇقىرىقىدەك مەسلىھەتكە يارايدىغان كىشىلەرنىڭ مەسلىھەتىن ئېلىشمۇ ياخشى ئىشتۇر.

ئىمام ماۋەردى مۇنداق دەيدۇ: «ھەرقانداق بىر ئىشقا قەدەم قويۇشتىن، قارار ئېلىشتىن ئىلگىرى سەمىيمىي نەسىھەت قىلىدىغان مۇشاۋىر سالاھىيتى بار زاتلارنىڭ رەيىنى ئېلىش ھەر بىر ئاقىل كىشىگە يارىشىدىغان بىر ئىشتۇر، چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۆز پەيغەمبىرىگە قارىتا تولۇق يېتەكلەش ۋە ياردەم قىلىشقا كاپالەت قىلغان تۇرۇقلۇق ئۇنى مەسلىھەت سېلىشقا بۇيرۇپ: «ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن)» (ئالى ئىمران سۈرىسى 159-ئايەت.) دېگەن.» (ئەلمەدخەل 4-جىلد 41-بەت.)

ئىمام نەۋەۋىي مۇنداق دەيدۇ: «ئىستىخارە سېلىشتىن بۇرۇن خالىس نەسىھەت قىلىدىغان، تەجرىبىلىك، دىندار، بىلىملىك كىشىنى مەسلىھەتكە سېلىش مۇستەھەبتۇر، ئاللاھ تائالا: «ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن» دېگەن، مەسلىھەت سېلىپ ئۇنىڭ پايدىلىق ئىش ئىكەنلىكى مەلۇم بولسا ئاندىن ئىستىخارە سالىدۇ.» (كۇۋەيت فىقھى ئانسىكلوپېدىيىسى 3-جىلد 243-بەت.)

مەسلىھەتنى ئېلىشقا بولىدىغان كىشىلەرنىڭ سۈپەتلىرى تۆۋەندىكىچە:
1-ئەقلى كامىل، تەجرىبىلىك كىشى. شۇڭا جاھىل، پىشمىغان سويما، نادانلار بۇ ئىشقا يارىمايدۇ.
2-دىندار ۋە تەقۋادار كىشى، دىيانەتلىك تەقۋادار كىشىنى مەسلىھەتكە سالغاندىلا كۆڭۈل خاتىرجەم بولىدۇ، چۈنكى ئۇ سىر ئاشكارىلىمايدۇ، خاتا يول كۆرسەتمەيدۇ.
3-دوست-بۇرادەرلەردىن بولۇشى. چۈنكى دوستلۇق بولغاندا قارشى تەرەپنىڭ ئەھۋالىنى ياخشى چۈشىنىش پۇرستى بولغانلىقتىن توغرا مەسلىەت بېرەلەيدۇ.
4-كۆڭلى خاتىرجەم كىشى بولۇشى. دىققىتى چېچىلغان، غەمگە چۆمگەن بىر كىشىنى مەسلىھەتكە سالسا توغا مەسلىھەت بېرەلمەي قالىدۇ.
5-غەرەزلىك بولماسلىقى، چۈنكى مەسلىھەت بەرگەن ئىشىدا بىرەر غەرەز يوشۇرۇنغان ئەھۋالدا ئۇ كىشى ئۆز مەنپەتىنى كۆزلەپ مەسلىھەت بېرىدۇ.
يۇقىرىقى بەش سۈپەت تېپىلغان كىشى مەسلىھەتكە سېلىشقا سالاھىيەتلىكتۇر، شۇڭا بۇنداق بىر كىشىنى تاپالىساڭ، ئۆزۈڭنىڭ قارىشىنى توغرا دەپ تۇرىۋالماي ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى ئالغىنىڭ سالامەتلىككە ئەڭ يېقىندۇر. (ئەلمەدخەل 4-جىلد 41-42-بەتلەر.)